# 357250 ـ مەبلەغ سېلىشنىڭ هارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بېرىلگەندىن كېيىن مەبلەغ سېلىش گۇۋاھنامىسىنى توختىتىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئىلگىرى ئالغان پايدىنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟

**سۇئال**

ئىقتىسادى مۇئامىلىلەردە شۈبھىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى خاتالىقلار بولسىمۇ ساغلام دەپ قاراپ ئىسلام بانكىسىغا ئامانەت قويغان ئىقتىسادىنىڭ پايدىسى بولغان نىسبىتىنى بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتىم، ئاندىن داۋاملىشىۋاتقان هېسابقا پۇل قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك پەتىۋا ئۆزگەردى:

1–مۇشۇ بانكىدىن ئىلگىرى ئالغان پايدىلارنىڭ قالغانلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟. مەن بانكىنىڭ هېسابىنى قايتۇرۇپ، قالغان پايدىنى قۇتۇلۇپ كېتىش مەقسىتىدە ئېهتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىۋەتسەم بولامدۇ ياكى پەتىۋا ئۆزگەرگەن تارىختىن باشلاپ شۇنداق قىلىمەنمۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

2– مەبلەغ سېلىش گۇۋاھنامىسىنى قانداق قىلىمەن؟، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتىمەنمۇ ۋە ئۇنى قايتىدىن يېڭىلىماي تۇرىمەنمۇ؟ ياكى ئۇنى تېزدىن ئەمەلدىن قالدۇرىمەنمۇ، ئۇنىڭدا بېكىتىلگەن مۇددەتنى تولۇقلىمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ئۈستۈمگە ئالىمەنمۇ؟ . بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

ئىسلام بانكىسى ئۆز ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمىنى قەرز هۆججىتى ياكى جازانە شەكلىدىكى خەزىنە هۆججىتىدە قويىدۇ ياكى تەرتىپلىك چەكلەرگە مەبلەغ سالىدۇ، بۇنىڭغا مەبلەغ سېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بانكا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمدە ئۆزىدىن تەسەررۇپ قىلىشى ئەسلى، مەبلەغ سالغۇچى تەرەپتىن تەسەررۇپ قىلىشى بولسا ۋاكالىتەن بولىدۇ، بانكىنىڭ قىلىۋاتقان چەكلەنگەن مۇئامىلىنىڭ خاتالىقى ئۇلارغا بولىدۇ، هارام پايدىدىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ خاتالىق ئۇلاردىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچى:

هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى تاپشۇرۇپ ئالغان جازانە پايدىلىرىدىن سىز پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئۇنى باشقىلارغا سەرپ قىلىڭ ياكى قولىڭىزدا ساقلاپ قىلىڭ بۇ ئوخشاش. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ تەرجىمىسى: « ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى،) بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن (هارام قىلدى .كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن) يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ». [سۈرە بەقەرە 275 ــ ئايەت].

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ قارىشىمىزدا شەك بولمىغان ئىش:خاتا چۈشەنچە ياكى بىلمەسلىكتىن تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىلەر .شەكسىز ئۇ بۇرۇن ئالغان نەرسىلەر بولىدۇ، قۇرئان، ھەدىس ۋە ئېتىبار-قىياس بۇنى دەلىللەيدۇ". [ئۇرغۇن ئالىملارغا مۇشكىل بولغان ئايەتنىڭ تەپسىرى.2/592"].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئالغان پايدىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ گۇناھ بولمايدۇ، ياكى بىرەر ئالىمنىڭ هارام ئەمەس دېگەن پەتىۋاسىغا كۆرە ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئايرىۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ تەرجىمىسى: «كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن) يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن (يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ». [سۈرە بەقەرە 275–ئايەت. ئايلىق ئۇچرىشىش 67/19 ].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتنىڭ پايدىلىرىدىن : ئىنسان جازانىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئالغان پايدىسى ئۇ كىشىگە هالال بولىدۇ، بۇنىڭ شەرتى ئۇ كىشى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ بۇ قىلمىشىدىن يېنىشى كېرەك. [بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى .3/377 ].

ئۈچىنچى: ئۇ كىشىنىڭ بانكا بىلەن مەبلەغ سېلىش ھېسابى بولسۇن ياكى مەلۇم ۋاقىتقىچە بەلگىلەنگەن گۇۋاھنامىسى بولسۇن، بۇ بانكىغا مەبلەغ سېلىشنى توختىتىشى لازىم، گەرچە بۇ سەۋەپتىن مەلۇم مالنى زىيان تارتسىمۇ جازانە مۇئامىلىسىدىن قېچىپ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُوسُ أَمْوَالِكُمْ لا تَظْلِمُونَ وَلا تُظْلَمُونَ تەرجىمىسى: «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر) !ھەقىقى مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە (مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار،) كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە( قېلىپ قالغان جازانىنى) يەنى ئۆسۈمنى (ئالماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئۇرۇش ئاچقان بولىسىلەر .ئەگەر جازانە قىلىشتىن (تەۋبە قىلساڭلار،) قەرز بەرگەن سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر». [سۈرە بەقەرە 278–279–ئايەتلەر].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جازانە يېگۈچى، ۋەكىل بولغۇچى، توختامنى يازغۇچى ۋە شاھىت بولغۇچىلارغا لەنەت قىلغان.» [مۇسلىم رىۋايىتى1598-ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.